مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇشتا رەڭ قوشتى    غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ساغلام تۇرمۇشقا ۋارىسلىق قىلدى

«مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى» ۋە 8 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەپتىلىكى» پائالىيىتى باشلاندى

# رەڭدار پائالىيەتلەر سىزگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى چۈشەندۈردۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **تاك كەندۈك** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى». شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى» ۋە 8 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەپتىلىكى» ئاساسىي مەيدان پائالىيىتى تۇرپان شەھىرىنىڭ بۈيلۈق مەنزىرە رايونىدا باشلاندى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇشتا رەڭ قوشتى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ساغلام تۇرمۇشقا ۋارىسلىق قىلدى» باش تېما قىلىنىپ، توردىكى ۋە تور سىرتىدىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش شەكلى قوللىنىلىپ، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە پۈتۈن شىنجاڭدا ماس قەدەمدە «شىنجاڭ بۇلۇت ساياھىتى • غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى»، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مال سېتىۋېلىش بايرىمى، تور سىرتىدا، توردا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەشۋىق قىلىش، كۆرسىتىش پائالىيىتىدىن 200 مەيداندىن ئارتۇق ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا مەدەنىيەت كاتتا ئوزۇقى ئاتا قىلىنىدۇ.

كارىز سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى، ئۈزۈم بارىڭىدا ئۈزۈملەر غۇجىچىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. تۇرپان شەھىرىنىڭ بۈيلۈق مەنزىرە رايونىدىكى 200 مېتىرلىق ئۈزۈم كارىدورى ئاستىدا، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاشلار سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىۋاتاتتى. باشلىنىش مۇراسىمىدا يەنە گۈچۈڭدىكى شىچېڭزى خارابىسىگە 2019 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە ئارخېئولوگىيەلىك ئون چوڭ يېڭى بايقاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى.

بۈيلۈق مەنزىرە رايونىدىكى كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىرغا يېقىن كېلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بازىرىدا، 1000 خىلدىن ئارتۇق شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تاۋارلىرى، زور بىر تۈركۈم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى پەيدا بولدى. گىلەم، ساپال بۇيۇملار، خېمىر ئادەم قاتارلىق «بارماق ئۇچىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋە نان، سوقماق، قارا ئۈجمە كاۋىسى قاتارلىق «تائام غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ساياھەتچىلەرگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدۇردى.

پائالىيەت مەزگىلىدە، قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىدا پولۇ ئېتىش ھۈنىرىنىڭ ۋارىسى مەنزىرە رايونىدا نەق مەيداندا پولۇ ئەتتى؛ كۇچا شەھىرى تىيانشان سىرلىق چوڭ جىلغىسىدا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىل مىس ياسىمىچىلىقى تېخنىكىسى ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرى بولغان كۇچا سوپۇنى كۆرسىتىلدى؛ قومۇل شەھىرىنىڭ مۇقام مەدەنىيەت مەيدانىدا قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونلۇق مەدەنىيەت سارىيى «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى»نى تەبرىكلەش ناغرا، سۇناي چېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش تەشۋىقات پائالىيىتىدە، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئالاقىدار سىنلارنى كۆرگىلى بولۇپلا قالماي، يەنە توردا شىنجاڭنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى تۆت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھۈنەرخانىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى توردا سېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ قىرغىز كەشتىچىلىكى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىجادىيەت ھاسىلىي مەھسۇلاتلىرىنى تاۋباۋدىن سېتىۋالغىلى بولىدۇ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى دوۋيىندا سېتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالى، جىڭدۇڭ قاتارلىق مال سېتىۋېلىش سۇپىلىرىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مال سېتىۋېلىش بايرىمى مەخسۇس تېما بېتىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىكنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرى مەركەزلىك نامايان قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق دېدى: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش ئاساسىدا، مول، رەڭدار ئەمەلىي تەسىرات ۋە تەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى جانلىق نامايان قىلىپ، بىر تۈركۈم تەسىر كۈچكە ئىگە نادىر كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ۋە مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئەمەلىي ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىمىز.



6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بازىرىدا ئەتلەس توقۇش ھۈنىرى كۆرسىتىلمەكتە.
□ سەي زېڭلې فوتوسى

# تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كاتتا زىياپىتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

دۆلىتىمىزنىڭ 15 ـ قېتىملىق «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مول مەزمۇنلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرى نەق مەيداندا كۆرسىتىش، ئەمەلىي بۇيۇم كۆرگەزمىسى، كۆپ ۋاستىلىك كۆرسىتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقى نامايان قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى ھېس قىلدۇرۇلدى.

«كۆركەم بىر تال ئەتىرگۈل، سەيدىمارىيە...» 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، گۈزەل ناخشا ـ ئۇسسۇلغا جور بولۇپ، شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مال سېتىۋېلىش بايرىمى پائالىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نان مەدەنىيىتى كەسپىلەر باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت «مەدەنىيەت ئىجادىيىتى ھەمتۈرتكە رايونى» «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمە رايونى» «كۆرگەزمە تاختىسىدا كۆرسىتىش رايونى» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. تاش ئويما رەسىم، قەغەز قىيما، كەمپۈت ئادەم، خېمىر ھەيكەل، پۈرچ قونچاق قاتارلىق تاۋارلار كۆزنى قاماشتۇراتتى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى) قاتارلىق ئورۇنلار مەسئۇل بولغان 2020 ـ يىللىق تىيانشان رايونى «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى» تونۇشتۇرۇش يىغىنى شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ياقۇت رەسىملەر، قولدا ئىشلەنگەن تېرە ئويما نەقىشلەر، مىللىي چالغۇلارنى ياساش قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنىڭ ۋارىسلىرى نەق مەيداندا كۆرسىتىش، كۆرسىتىش ئويۇنى قويۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەرگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچىنى قانغۇچە ھېس قىلدۇردى.

ئۈرۈمچى شەھىرى تور ۋە تور سىرتى پائالىيەتلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ماھارىتى كۆرگەزمىسى، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەپتىلىكى» لېكسىيەسى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىش ـ نامايان قىلىش، «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى» مەخسۇس تېمىلىق رادىيو ئاڭلىتىش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرى نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ياسىمىچىلىقىنى ھېس قىلىشتىن ئىبارەت يەتتە تۈرلۈك باش تېما پائالىيىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى نەق مەيداندا 33 نەپەر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىدىن ھوزۇرلىنىپلا قالماي، يەنە تور ئارقىلىق ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جىمسار ناھىيەسى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئېلىپ كەلگەن ساغلام تۇرمۇشقا ۋارىسلىق قىلىش» باش تېمىسىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەشۋىق قىلىش، كۆرسىتىش ھەم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مال سېتىۋېلىش بايرىمى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، جەمئىي 12 خىلدىكى 400دىن ئارتۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەسىرىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىنتايىن ئۆزگىچە بولغان جىمسار كېپىنەك رەسىمى، سۆڭەك ئويما نەقىشى، كەشتە، توقۇلما بۇيۇم قاتارلىق ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى نۇرغۇن ئاھالىنى قەدىمىنى توختىتىپ كۆرۈشكە، سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلدى. قەغەز قىيما، كەشتە، توقۇلما قاتارلىق ھەر خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنىڭ ۋارىسلىرى نەق مەيداندا ئاھالىلەرگە ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى، ماھارىتىنى چۈشەندۈردى، كىشىلەرنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنى ھېس قىلىشقا يېتەكلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، قومۇلدىكى ئەل ئىچى ناغرا، سۇناي ۋارىسلىرى قومۇل مۇقام مەدەنىيەت مەيدانىدا مۇزىكا ئورۇنلاپ، قومۇل شەھىرىنىڭ 2020 ـ يىللىق «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى» يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. نەقىش ئويۇلغان قاپاق، كەشتە تىكىلگەن خاتىرە دەپتەر، كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان ساپال سەنئىتى...كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش رايونىدا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرىغا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئامىللىرى سىڭدۈرۈلۈپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرى بىرلەشتۈرۈلگەچكە، مەھسۇلاتلارغا يېڭى سودا قىممىتى ئاتا قىلىنغانىدى. قومۇل شەھىرى يىدىيەن كەشتىچىلىك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى باۋ جېك 50 نەچچە خىل كەشتىچىلىك ئەسەرلىرىنى نەق مەيدانغا ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، مەيدانغا كىرىپ 20 مىنۇتتىلا، 400 نەچچە يۈەنلىك ئەسەرنى سېتىپ بولدى.

«ھەقىقەتەن بىر مەيدان قىزىقارلىق ھەم كۆركەم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى زىياپىتى بوپتۇ، بۈگۈن پۇخادىن چىقتىم.» قومۇل شەھىرى ئاھالىسى جاۋ شۇمېي ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى پائالىيىتىگە قاتنىشىشىم، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى زامانىۋى تۇرمۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن نامايان بولغان يېڭىلىق يارىتىش گۈزەللىكىنى ھېس قىلدىم.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى نامايان قىلىش ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى باشلىدى. پائالىيەتتە دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىدىكى جەمئىي 45 پارچە سۈرەت كۆرگەزمە قىلىندى. ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەن ئاقسۇ شەھىرى ئاھالىسى گاۋ جيەنلىڭ مۇنداق دېدى: «ئۇزاقتىن بۇيان مەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، بىز تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەك».

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەپتىلىكى يۈرۈشلۈك باش تېما پائالىيىتى خوتەن شەھىرىدە باشلاندى. شۇ كۈنى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرى نەق مەيداندا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ياساش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرسىتىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى قويۇش، مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، نەق مەيداندا كۆرسىتىلگەن گىلەم توقۇش ماھارىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتلەس توقۇش، بوياش ماھارىتى قاتارلىقلار ھەر مىللەت ئاممىنى قاتنىشىپ ھېس قىلىشقا جەلپ قىلدى.

**(مۇخبىرلار جيا چۈنشيا، يۈشى، گې يۈجۈن ئىختىيارىي مۇخبىرلار يې سۈي، خۇ شياۋشياۋ، خىسلەت، گۈلھايات)**

سكانىرلاپ سىننى كۆرۈڭ




6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئارتىسلار ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نان مەدەنىيىتى كەسپىلەر باغچىسىدا ئۇسسۇل ئوينىماقتا. شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مەسئۇل بولغان 2020 ـ يىللىق شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مال سېتىۋېلىش بايرىمى پائالىيىتى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

# جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل تاشيول مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا قاتناش ئەسلىگە كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۇچادىكى چوڭ ـ كىچىك ئەجدىھا كۆلى، خۇڭسەن تاش ئورمىنى قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر مەنزىرە رايونى جايلاشقان، مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل تاشيول دەپ تەرىپلىنىدۇ، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

تىيانشان تاغلىق رايونى قىش پەسلىدە قار يېغىش، مۇز تۇتۇش قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ھەر يىلى تەخمىنەن يېرىم يىلغا يېقىن «قىشلىق ئۆچەك مەزگىلى»گە كىرىدۇ. بۇ يىل 6 ـ ئايدىن بۇيان، يول چارلاش، شېغىل تازىلاش قاتارلىق ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن، قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا قاتناش باشلاش شارائىتى ھازىرلانغانلىقىنى جاكارلاپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا باشلىدى.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاندۇرۇش ئۈچۈن، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، بۇلتۇرقى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، بۇ يىل ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان؛ مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى بويىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قاتناش، ساياھەت مۇلازىمىتى ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرگەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)